# سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشى

خۇاتاۋ

تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلاملىشىش جەريانىنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ باشلاپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئالىملار بۇ شەخسكە دىققەت قىلىشقا باشلىغان. 1875 - يىلى كالكۇتتىدا نەشر قىلىنغان «1873 - يىلدىكى يەكەننى تەكشۈرۈش دوكلاتى» دا دوكتور بېللېۋ «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىن پايدىلىنىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ هاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ①. ئۇزۇن ئۆتمەي روبېرت شاۋ بۇ تەزكىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» غا كىرگۈزگەن②. 1881 - يىلى خ. گ. راۋېرت «تەبەقاتى ناسىرى» نى تەرجىمە قىلىپ، شەرھى يازغاندا گەردىزىنىڭ كىتابىدىكى بەزى بايانلارنى نەقىل ئالغان ③. 1883 - يىلى س. لانپولو تۈزگەن خاندانلىق يىلنامىسى ۋە نەسەبنامىسىدە سۇتۇق بۇغراخان خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، دەۋرى ئېنىق ئەمەس دەپلا ئىزاهلاپ قويۇلغان④. ئىككى يىلدىن كېيىن، ن. ئېلىئاس «تارىخى رەشىدى» نى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندا، سۇتۇق بۇغراخان تىلغا ئېلىنغان جايغا «رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ خان پۈتكۈل تۈركىستانغا هۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن. زېمىنى شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغان ئىكەن، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى يەنى X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تېخى بۇخارانىمۇ بېسىۋالغانىكەن» دېگەن ئىزاهنى قوشۇپ قويغان⑤. ئۇ بۇلارنى يېزىشتا «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىن پايدىلانغان. 1900 - يىلى م.

ف. گرېنارد ئەرەبچە، پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بەزى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ، «تەزكىرەئى بۇغراخان» نى تېپسىلىي تەتقىق قىلغان. ھەمدە بالدۇرراق يېزىلغان بىر قولىيازمىغا ئاساسەن بۇ ماتېرىيالنى قايتىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلغان[6]. بۇنىڭدىن باشقا بىرىتېنىيىلىك ، ئې. د. روس قاتارلىق ئالىملارمۇ بۇ شەخسنى تىلغا ئالغان[7]. بىراق يۇقىرىقى تەتقىقاتلارنىڭ ماتېرىيال ئاساسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئالىملار ئاساسەن خېلى كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» دىن پايدىلانغان. بۇ ئەسەرلەردە دىنىي تۈس قويۇقراق بولۇپلا قالماستىن، ھەرقايسى نۇسخىلىرىدىكى بايانلارمۇ دېگۈدەك بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ.

1898 - يىلى مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومى بولمىش «تارىخىي ماتېرىياللار» قىسمىغا«مۇلھاقاتى سۇراھ» نى تاللاپ، تەھرىرلەپ كىرگۈزۈپ تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالغان بولسىمۇ، بارتولد: بۇنى قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە دائىر ماتېرىياللار ئىچىدىكى رىۋايەت تەركىبى ۋە زىددىيەتلىك مەزمۇنلىرى بەك كۆپ ماتېرىيال[8] دەپ قاراپ، بەك ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ كەتمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تارىخىي ماتېرىيالمۇ باشقا ھېچقانداق بىر تىلغا تولۇق تەرجىمە قىلىنمىغاچقا، كېيىنكى ئالىملار ئاساسەن بارتولدنىڭ كۆز قارىشىنى نەقىل ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا پرىتساك سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى تولۇق تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن قىياسىنى دەلىللەش ئۈچۈن ، ھەرقايسى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىزاھلاشتا ئاساسەن ئادىل بولالمىغان[9]. ياپون ئالىملىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئەھۋالىنى خانېدا ئاكىرانىڭ «سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە دائىر رىۋايەتلەر توغرىسىدا» ناملىق

ئەسىردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ⑩. خانىدا ئاكىرا ئاساسەن «مۇلھاقاتى سۇرراھ» ۋە كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ بۇ ھەقتە ئازراق تەتقىقات يۈرگۈزگەن. بۇ ئەينى چاغدا ياپون ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ تېخى چوڭقۇرلاشمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېلىمىز ئالىملىرىمۇ بۇ شەخسكە خېلى بالدۇرلا دىققەت قىلىشقا باشلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاڭ رىۋېيىنىڭ «كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (1935 - يىلى) ۋە فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭۋېنلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» دېگەن كىتابلاردا بۇ شەخسنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان⑪. 70 - يىللاردىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تېخىمۇ كۈچەيگەن. يېقىنقى يىللاردا «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى شىنجاڭ ئالىملىرى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت⑫:

1) موللا ھاجى يازغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى — قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (باۋ ۋېنئەن تەرجىمە قىلغان)، ئەسلى قولىيازمىدىن كۆچۈرگۈچى كاتىپ موللا يۈسۈپ. ئەسلى ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.

2) «ئەبۇ نەسىر سامانى تەزكىرىسى» (ئاپتورى نامەلۇم، ماۋېيخەن تەرجىمە قىلغان). بۇ كىتاب- نىڭ بىر بابى «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى» دەپ ئاتالغان. قولىيازمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس، پەقەت كىتابنىڭ ئاخىرىغا«ھىجرىيە 1321 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى» (1903 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) دەپ ئەسكەرتىلگەن.

3)«خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى تەزكىرىسى، خاقان ھەم خاقان ئوغلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى، خوجا ئەبۇ نەسىر ساماننىڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتار تەزكىرىسى» (ئاپتورى نامەلۇم. سۈي ۋېيجى تەرجىمە قىلغان، باۋ ۋېنئەن تەھرىرلىگەن). كىتاب ئاخىرىغا«بۇ ئەسەر نەمەنگاندىكى ئىسھا-

قىيە مەتبەسىدە بېسىلغان ‹تەزكىرەئى ئەۋلىيا› (1936 ـ يىلى) ناملىق كىتابىنىڭ 86 ـ 117 ـ بەتلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

بۇ ئۈچ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بەزى مۇھىم پەرقلەرمۇ بار، مەسىلەن: سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولغان يىلى 1 ـ نۇسخىدا ھىجرىيە 409 ـ يىلى (1018 ـ 1019)، 2 ـ، 3 ـ نۇسخىلاردا ھىجرىيە 429 ـ يىلى (1038 ـ 1039) دەپ يېزىلغان. شۇنداقتىمۇ، ئېلىمىزدە چىققۋاتقان ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى غەرب ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەنبە قىلغانلىقى ياكى «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»نىلا مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەھۋال تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئىسلاملىشىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭا مەن سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ پائالىيەتىگە دائىر ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىمەن. ھەمدە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلايمەن. سۇتۇق بۇغراخان ۋە قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن⑬. قولۇمدا قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە دائىر بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللار بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق يەكۈن چىقىرىشقا تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

## 1. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر دەسلەپكى مەلۇماتلار

بىلىشىمىزچە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە دائىر تۇنجى خاتىرە گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەر 1050 ـ يىلى ئەتراپىدا يېزىلغان⑭. راۋېرتى «تەبەقاتى ناسىرى»⑮ نى ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندا، كۆپ ساندىكى ئەرەب ـ پارس ئالىملىرى

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولسىمۇ، لېكىن گەردىزىدەك بەزى ئالىملار خېلى بالدۇرقى ئەھۋاللارنىمۇ خاتىرىگە ئالغان، دەپ ئىزاھلىغان. ئۇ« شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ خاتىرىسى بويىچە بايان قىلدىم» دەيدۇ. قاراخانىيلارنىڭ خانلىرىنى بايان قىلغاندا سۇتۇق بۇغراخاننى سۇتۇق خوجا دەپئاتاپ، «ئەۋفىينىڭ كىتابىدا، ئۇ سۇتۇق قاراخان دەپ ئاتالغان»⑯ دەيدۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىنى ھىجرىيىنىڭ 315 - يىلى (927 - يىلى) ياكى 320 - يىلى (932 - يىلى) بولۇشى مۇمكىن دېسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىسپات كۆرسەتمىگەن. بۇ ئىش سۇتۇقنىڭ مۇھىم بىر چۈش كۆرۈشى بىلەن باشلانغان⑰ دەپ كېلىپ:

«سۇتۇق خوجىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مۇسانىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق خاتىرە يوق. . . »

دەيدۇ. قولىمىزدا گەردىزىنىڭ ئەسلى كىتابى بولمىغاچقا، گەردىزىنىڭ زادى نېمە دەپ يازغانلىقىنى بىلمەيمىز. مەزمۇنى ناھايىتى ئاددى بولسىمۇ، بۇنى بىز ئۇچراتقان سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى خاتىرە دەپ قارىساق خاتالاشقان بولمايمىز⑱.

X Ⅳ ئەسىرنىڭ بېشىدا تاماملانغان جامال قارشىنىڭ «مۇلھاقاتى سۇرراھ» دېگەن ئەسىرىدە «قەشقەر تارىخى» نىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇلغەففار ئەل ئەلمائى ئەينى دەۋرنىڭ مەشھۇر ئالىمى بولۇپ، سەمئانى(ھىجرىيە 562 - يىلى، مىلادىيە1166 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرىدىكى قەشقەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئاساسەن ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغانىكەن⑲. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ھىجرىيىنىڭ 466 - يىلى (1073 - 1074) ئەتراپىدا ۋاپات بولغان، دەپ پەرەز قىلىمەن ⑳. سەمئانىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەل ئەلمائى ئاتىسىدىن 10 يىل بالدۇر ۋاپات بولغانىكەن. جامال قارشى ئۇنىڭ ئاتىسىنى ھىجرىيىنىڭ 486 - يىلى (1093 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1094

- يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە) بولغانىكەن. ئۇنداقتا ئەلمائىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى تەخمىنەن ھىجرىيە 476 - يىلى (1083 - 1084) غا توغرا كېلىدۇ㉑. ئۇنىڭ كىتابىنى تاماملىغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ گەردىزىنىڭ كىتابىدىن بۇرۇن ئەمەس.

ئۇ: «سۇتۇق بۇغراخان مۇجاھىد(غازى) ئابدۇكېرىم ئىبنى بازىر ئارسلانخان ئىبنى بىلگە كۇر قادىرخان㉒ ئاپراسىياب ئىبنى ھۇشاڭ ئەست(؟) ئىبنى رەسماننىڭ ئەۋلادى. ئۇ تۇر ئىبنى ئەفرىدۇن ئىبنى يافەس ئىبنى. . . ئىبنى نۇھ(ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)㉓ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ (سۇتۇق) خەلىپە مۇتىيىللا زامانىدا ھەق يولىغا كىرگەن. ئەمىر ئابدۇمەلىك ئىبنى نۇھ سامانى (ھىجرىيىنىڭ 343 - 350 - يىلىغىچە، مىلادىيە 954- يىلىدىن 961 - يىلىغىچە) ھاكىمىيەت تۇتقاندا، قەشقەر ۋە پەرغانىدىكى تۈرك خانلىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان. يۇقىرىقى مۇپەسسىرلەرنىڭ بايانىدا تىلغا ئېلىنغان شەيخ، كاتتا زات ئىمامى ئابدۇللا ھۇسەيىن فىردەۋسىنىڭ ئوغلى، كارامەتلىك، كامىل، ئىقتىدارلىق ئەھلى ئىمام ئەبۇ فۇتۇھ ئابدۇلغەففار(ئاللا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى بايان قىلغان. . . » .

ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «ئەل كامىلۇل فىت تارىخ» (بۇ ئەسەرنىڭ نامى تۆۋەندە ئۇيغۇرچىدا ئۆزلەشكىنى بويىچە«تارىخى كامىل» دەپ ئېلىنىدۇ) تا تىلغا ئېلىنغان بايانلارمۇ سۇتۇق بۇغراخانغا دائىر دەسلەپكى مەلۇماتلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئەرەب - پارس ئەللىرىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتور مەزكۇر كىتابىنىڭ ھىجرىيىنىڭ 536 -يىلى(مىلادىيە1141- 1142) غا دائىر ۋەقەلىكلەر بايانىدا مەشھۇر كاتۋان يايلىقى ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى تەسۋىرلىگەندە، قاراخانىيلارنى تىلغا ئېلىپ «ئاڭلىشىمچە قەشقەر، بالاساغۇن، خوتەن ۋە تالاس قاتارلىق تۈركىستان رايونى بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىرتى ئىلگىرى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ قولىدا بولغانىكەن. ئۇلار ئەفراسىياب تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادىكەن، ئەجدادىنىڭ ئىسمى سۇتۇق قاراخان دەپ ئاتىلىدىكەن»

دەيدۇ[24].

بۇنىڭدىن باشقا، ھىجرىيىنىڭ 520 - يىلى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «مۆجمۇل تەۋارىخ ۋەل قىسەس» دېگەن ئەسەردىمۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ[25].

دېمەك، XI ئەسىردىن X III ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان بەزى مۇھىم تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىدە سۇتۇق بۇغراخانغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. بۇ خاتىرىلەرنى ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى خىلدا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىر قېتىملىق چۈشكە باغلاپ قويۇلغاندىن باشقا تۈزۈك مەلۇمات يوق. ئىككىنچى خىلدىكى ماتېرىياللار خېلى تەپسىلىي بولۇپ، تەپسىلاتلارمۇ بىرىنچى خىلدىكىگە ئوخشمايدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خاتىرە تارىختا ھەقىقەتەن سۇتۇق ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، دەل مۇشۇ كىشىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنى ئىسلاملىشىشقا باشلىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

## 2 . سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پا- ئالىيىتى

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيىتى ئەرەبچە«قەشقەر تارىخى» دە تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. بۇ ماتېرىياللارنى «مۇلھاقاتى سۇرراھ»تىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

بۇ خاتىرىدە ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەرنىڭ بولۇپمۇ، سامانىيلار تەۋەلىكىدىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى پائالىيىتىنىڭ ئەھۋالى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەرەب سودا كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارنى ياقتۇرىدىغانلىقى ھەم مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ يەرلىك خەلققە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇ خاتىرىدە يەنە سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش جەريانى، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەمدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا

ئەرەبلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىدەك ئەھۋاللار سۆزلەنگەن. ئاخىرىدا:

«ھىجرىيىنىڭ 344 ـ يىلى (955 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە) جاھانگىر سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قەبرىسى قەشقەرنىڭ ئاتۇش دېگەن كەنتىدە بولۇپ، ھازىر بەزىلەر بۇ يەرنى ماكان تۇتتى. بەزىلەر بۇ يەرنى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ خاتىرە كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» نىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى بىلەن ئوخشاش. يەنى كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى سامانىيلار شاھزادىسىگە باغلاپ قويۇلغان. ھەتتا ھېلىقى شاھزادىنىڭ ئىسمىغىمۇ ناسىر دېگەن ئىسىم قوشۇپ قويۇلغان. سۇتۇق ئىسلام دىنىغا يوشۇرۇنچە كىرگەندىن كېيىن، تاغىسى گۇمانلىنىپ قالغاچقا، ئۇ ئەۋۋەل لەشكەر تارتىپ تاغىسىنى مەغلۇب قىلىپ، خانلىقنى تارتىۋالغان ، دېيىلگەن. بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان تەزكىرىلەر بىلەن « قەشقەر تارىخى» نىڭ مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، ھېچبولمىغاندا بۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاق مەنبە بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان تەزكىرىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىقىشى، خىزىرنىڭ كارامىتى قاتارلىق بايانلارنىڭ كىرگۈزۈلۈشى، XV ، XVI ئەسىرلەردىن كېيىن تەڭرىتاغ رايونىدا ئىسلاملىشىشنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«قەشقەر تارىخى» دىكى تۆۋەندىكى نۇقتىلار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

1) . 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەڭلىك تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى غەربكە كۆچكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىغا يېتىپ بارغان ـ بارمىغانلىقى ھەققىدە خەنزۇچە مەنبەلەردە مەلۇمات يوق. ئەينى دەۋردىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان ئەرەبچە ـ پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، بولۇپمۇ

«سەلامنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ، ئىبنى خۇردەزبىھنىڭ «كىتابى مەسالىك ۋەل مەمالىك» دېگەن ئەسەرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن چاغلاردا، تەڭرىتاغنىڭ غەربى يەنىلا قارلۇقلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەينى چاغدا ماۋەرائۇننەھىر رايونىغا سامانىيلار جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئاباسىيلار خەلىپىلىكىگە ياردەملىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا تۆھپە كۆرسەتكەن بولغاچقا، 819 ـ يىلى نوھ سەمەرقەنتكە، ئەھمەت پەرغانىگە، يەھيا شاشقا، ئىلياس [26] ؟ قا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن. چوڭ ئوغۇل نوھ پۈتكۈل جەمەتنىڭ كاتتىۋېشى ھەمدە يۇقىرىقى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قارالغان. 839ـ ۋە 840 ـ يىللىرىدىكى پەرغانىدىكى يەر تەۋرەش تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلانغان نوھ پەرغانە بىلەن ئىسپىجابقا ھۇجۇم قىلغان. «قەشقەر تارىخى» دىكى شاشلىقلارنىڭ بىلگە كۆل قادىرخان زامانىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە نوھ ئىبنى مەنسۇر رازى سامانى لەشكەر تارتىپ ئىسپىجابنى ئىگىلىۋالغانلىقى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ Ⅸ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەڭرىتاغنىڭ غەربىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

شۇڭا ھېچبولمىغاندا، سۇتۇقنىڭ بالىلىق چاغلىرى (12ياش) دا، سىياسىي كۈچلەرنىڭ بۇ مەركىزى قەشقەرگە يۆتكىلىپ بولغان. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى پائالىيەت قىلغان ئورۇن قەشقەر ـ ئاتۇش ئەتراپى ، سۇتۇق لەشكەر تارتىپ كېلىپ تارتىۋالغان ئاتباشىمۇ بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس[27] . لېكىن بۇ يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبى، ۋاقتى ۋە جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل. پرىتساك: 893 ـ يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىغا قاتناشقان قارلۇقلارنى ئوغۇلچاقنىڭ قوشۇنى دەپ قارايدۇ[28] ، ئۇ «قەشقەر تارىخى» دىكى ئوغۇلچاق قادىرخان بىلەن سامانىيلار ئەمىرى ئىسمائىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دائىر بايانلارنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولغانلىقىنىڭ بىشارىتى دەپ قارايدۇ ھەمدە بۇ ئىسمائىلنىڭ تالاسقا قوشۇن چىقارغان.

لىقىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئوغۇلچاق يېڭىلگەندىن كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ. شۇنداقتىمۇ پىرىتساك بۇ قىياسلىرىغا ھېچقانداق پاكىت تاپالمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراخانىيلار قوش خانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان، شەرقىي تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان چوڭ خان ئارسلان قاراخان بالاساغۇنداتۇرىدۇ، غەرب تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانى يەنى كىچىك خان ھېسابلانغان بۇغراخان ئەۋۋەل تالاستاتۇرغان، كېيىن قەشقەرگە يۆتكەلگەن، كېيىن يەنە تالاسقا قايتىپ كەتكەن، دېگەن يېڭى قىياسى ئارقىلىق يۇقىرىقى پەرىزىنى چۈشەندۈرگەن. مۇنداق تۈزۈم بويىچە بولغاندا، تالاستا تۇرۇۋاتقان بۇغراخان تالاسنى قولدىن بېرىپ قويسا ئەلۋەتتە بالاساغۇندا تۇرالمايدۇ، شۇڭا ئۇ باشقا بىر ئورۇن يەنى قەشقەرنى ماكان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە پىرىتساكنىڭ ئەينى چاغدا بالاساغۇندا بىر قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن پاكىتلىرى پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ.

ئۇ نەقىل ئالغان بىرىنچى ماتېرىيال «تارىخىي كامىل»دا تىلغا ئېلىنغان تۈرك شاھزادىسىگە دائىر مەنبە بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە332 ـ يىلى سامانىيلار قولىدا تۇرىۋاتقان بۇ تۈرك شاھزادىسىنى سامانىيلار سۇتۇق بۇغراخانغا ياردەملىشىپ بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلغاندا ئەسىرگە چۈشكەن ئارسلانخانىڭ شاھزادىسى، دەپ قارايدۇ. «سىياسەتنامە» دىمۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈش ھەققىدە بىشارەت بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ مۇشۇ بايانلار ئارقىلىق بالاساغۇندا بىر ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان [30]. «سىياسەتنامە[31]» دە سامانىيلارنىڭ بەزى سەركەردىلىرى 943 ـ يىلىدىكى ئەمەلگە ئاشمىغان بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە، بالاساغۇندىكى كاپىر تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىشنى باھانە قىلىپ، پۈتۈن لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىلىرىنى يىغقان. لېكىن سىياسىي ئۆزگىرىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، باھانە لازىم بولماي قالغان، يۈرۈش قىلىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى قالمىغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «سىياسەتنامە» دە بۇ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. ئەكسىچە

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىلگەن. «تارىخي كامىل» دىكى ھېلىقى خاتىرە بىزنى ئوخشاشمىغان تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. ئىبنۇل ئەسىر ھىجرىيىنىڭ 332 ـ يىلى (943ـ944) سامانىيلاردا يۈزبەرگەن بىر قېتىملىق ئىسيان ۋەقەسىنى خاتىرىلىگەندە مۇنداق دېگەن㉜:

«بۇ يىلى ئابدۇللا ئىبنى ئەشكام ئەمىر نوھقا ئاسىيلىق قىلدى. خارەزىمنى مۇستەھكەم ساقلاپ قارشىلىق كۆرسەتتى. نوھ شۇنىڭ بىلەن بۇخارادىن مەرۋىگە بارماي، ئىبراھىم ئىبنى پارسنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ تاقابىل تۇرۇشقائەۋەتتى. قوشۇن يۈرۈش قىلىشۋاتقاندا ئىبراھىم ئۆلۈپ كەتتى. ئىبنى ئەشكام تۈرك خانىغانامە ئەۋەتتى ھەم ئۇنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. ئەينى چاغدا ھېلىقى تۈرك خانىنىڭ بىر ئوغلى نوھنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇخارادا ھەپسىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نوھ خانغانامە ئەۋەتىپ ئىبنى ئەشكامنى تۇتقاندىن كېيىن خانىنىڭ ئوغلىنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈرك خانمۇ جاۋاب يېزىپ ماقۇللىقىنى بىلدۈردى. ئىبنى ئەشكام بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نوھقا ئەل بولۇپ، خارەزىمدىن ئايرىلدى. نوھ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ ئىلتىپات كۆرسەتتى»

.

بۇ خاتىرىدىكى ئىبنى ئەشكامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىبنى ئەشكامنىڭ پائالىيەت دائىرىسى خارەزىم ئەتراپى بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى، ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى بالاساغۇن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى تۈرك خاقانىنى خارەزىم ئەتراپىدىكى تۈرك خاقانى يەنى ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ كاتتىۋېشى دەپ پەرەز قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. ئەگەر ئىبنى ئەشكام ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى خارەزىمدىن ئوغۇز تۈركلىرى رايونىغا ئۆتۈپ، ئەرەبلەر ئىگىلىۋالغان تالاسنىڭ شىمالى ئارقىلىق بالاساغۇن (ياكى تالاسنىڭ شەرقىدىكى مەلۇم بىر جاي) غا بارغان بولسا، ئۇ نوھقا ئەل بولغاندا خارەزىمدىن قايتا ئۆتۈشى تامامەن بىھاجەت ئىدى. قىسقىسى، بۇ ماتېرىيال سۇتۇقنىڭ دەۋرىدە بالاساغۇندا قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ

مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

ئۇ پايدىلانغان 2 ـ تۈرلۈك ماتېرىيال بولسا، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى تۆۋەندىكى 3 ـ يىلى (925 ـ يىلى، قۇن جىيېلو)، تيەنچېڭ 2 ـ يىلى (927 ـ يىلى، ئاقساقال جاڭ مۇجىن)، چاڭشىڭ 2 ـ يىلى (931 ـ يىلى، ئاقساقال دۇئارو) ۋە تيەنفۇ 6ـ (941 ـيىلى، شۆتۆخەي قاتارلىقلار) يىللىرىدىكى تۈركلەرنىڭ جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەر بولۇپ[33]، پرىتساك بۇ تۈركلەرنى بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا يەنى سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، سامانىيلار بىلەن بىرلىشىپ بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ياردەم سوراش ئۈچۈن كەلگەن تۈركلەر دەپ قارايدۇ[34]. ئۇ يەنە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى تيەنشيەن 3ـ يىلى (928 ـ يىلى) قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان تۈركلەرمۇ قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇندىكى ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆزقاراشنى 1900 ـ يىلى گرېنارد ئوتتۇرىغا قويغان[35]. 1955 ـ يىلى خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دىمۇ مۇشۇنداق ئېھتىماللىقنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[37]

.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىزدە تېخى بۇ پەرەزنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغۇدەك يېتەرلىك ئىسپات يوق. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە خېشىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلاردىن ئىبارەت بىر قانچە قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ نېرىسىدىكى بالاساغۇننىڭ ئوتتۇرا ئىقلىمىدىكى ئاجىز بىر ھاكىمىيەتكە قۇنجىيېلو قاتارلىق كىشىلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىدەك ماتېرىيال تېخىمۇ كەمچىل. يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان ماتېرىياللاردىن ئەينى چاغدىكى خېشى رايونىدا نۇرغۇن ئۇششاق تۈركىي خەلقلەرنىڭ بارلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇن قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. شۇڭا تۆۋەندىكى 3 ـ يىلى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىك

ـكە كەلگەن قۇن جيېلو بەلكىم ئاشۇ قەبىلىدىن بولسا كېرەك㊳. بۇنىڭدىن باشقا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى تيەنشيەن 3 - يىلى قىتان خانلىقىغا كەلگەن تۈرك ئەلچىسىنىڭ شىنسې 1- يىلى (916 - يىلى) قىتان خانى تەيزۇ لەشكەر تارتىپ بارغان خېشىنىڭ خېچۇ ئەتراپىدىكى تۈركلەر بىلەن بىرەر باغلىنىشى بارمۇ قانداق؟. شۇڭا خاملتون يۇقىرىقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا«شۇڭا بەش دەۋردە ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى خانلىقلارغا سوۋغات ئەكەلگەن تۈركلەرنىڭ گەنجۇدىن كۆچاغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىرەر قەۋم بولۇش ئېهتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ» دەپ خۇلاسە چىقارغان.

بۇ پايدىلانغان 3 - خىل مەنبە ئارسلانغان دەپ ئاتالغان مۇسا ئىبنى سۇتۇقنىڭ بالاساغۇننى ئىگىلىۋالغانلىقىغا دائىر ماتېريالدۇر. پىرتساك بۇ مەنبە ئارقىلىق بالاساغۇندا بىر چوڭ خان — ئارسلانخاننىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان㊴. لېكىن مۇساغا ئالاقىدار بۇ ئىككى ئىش (ئاتىقى ۋە بالاساغۇنغا هۇجۇم قىلغانلىقى) ئەمەلىيەت بولسىمۇ، لېكىن بىز پىرتساكنىڭ بۇ كۆز قارشىنى قوبۇل قىلالمايمىز. مۇسانىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان (998 - يىلى 1 - ئايدا ۋاپات بولغان) نىڭ قەشقەردە تۇرىدىغانلىقى㊵، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى هارۇن ئىبنى سۇلايمان بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندا تۇرىدىغانلىقى㊶ كىشىلەرگە مەلۇم. مەزكۇر هارۇن بۇغراخان 992 - يىلى بۇخارا شەھىرگە بېسىپ كىرگەن مەشهۇر شەخس. هارۇن ئىبنى سۇلايمان ئەلى ئىبنى مۇسادىن ئالتە يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بالاساغۇن ئەلىنىڭ ئوغلى ئەخمەت توغانخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ 1003 - ۋە 1004 - يىللىرى ئارىلىقىدا «قۇز ئوردۇ هۆكۈمرانى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن پۇل تارقاتقان. ئەلى ئىبنى مۇسا قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كىمنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. 1005 - ۋە 1006 - يىللاردىن باشلاپ يۇسۇپ ئىبنى هارۇن ئىبنى سۇلايمان قادىرخاننىڭ نامى قەشقەرنىڭ هۆكۈمرانى سۈپىتىدە پۇللارغا چۈشۈرۈلگەن. دەل مۇشۇ يۇسۇپ قادىرخان 1007 - ۋە 108 - يىللىرى ئارىلىقىدا ياكى

شۇنىڭدىن سەل بۇرۇن خوتەننى غەلىبىلىك ئىگىلىگەن. كېيىن يەنە 1022 - يىلى پەرغانىنى، 1027 - يىلى بالاساغۇننى ئىشغال قىلغان. ئۇ 1032 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان قەشقەر بىلەن بالاساغۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۆرە تېكىن ئىبراھىم ئۆزىنى تابغاچ بۇغرا قاراخان دەپ ئاتاپ، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ماۋەرائۇننەھردە قاراخان تىكلىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتتى[42]. يۇقىرىقى قىسقىچە بايان ئارقىلىق، پرىتساكنىڭ نام - ئاتاق توغرىسىدىكى قىياسى (ئارسلانخاننى چوڭ خان، بۇغراخاننى ئورۇنباسار خان دەپ ئاتاش) سۇلايمان ئارسلانخاندىن ئىلگىرى قوش خانلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئىبارەت بۇ قىياسىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىلا قوش خانلىق تۈزۈم بار ئىدى دېگەن قىياسى تېخىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. قوش خانلىق تۈزۈمى ھەققىدىكى قىياس ئوغۇلچاقنىڭ تالاس ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەجداتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تەگرىتاغنىڭ غەربىي ئۇچىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىلا مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا سۇتۇقنىڭ بالىلىق دەۋرىدە بۇ سىياسىي كۈچ قەشقەرنى ئۆزىنىڭ مەركىزى قىلىپ بولغان. ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى يۈتكىلىشلىرىنىڭ ۋاقتى، سەۋەبى ۋە جەريانى ئېنىق ئەمەس.

(2) «قەشقەر تارىخى» دىكى سامانىيلار جەمەتى ۋە تۈرك خانلىرىنىڭ نەسەبىگە دائىر بايانلاردا قالايمىقانچىلىق بار. سامانىيلار جەمەتىنىڭ نەسەبى تۆۋەندىكىچە[43]:

ھىجرىيە 204 - يىلى (مىلادىيە 819 - يىلى) نوھ ئىبنى ئەسەد سەمەرقەنتكە ھاكىم بولغان.

ئەخمەت ئىبنى ئەسەد پەرغانىگە ھاكىم بولغان.

ھىجرىيە 250 - يىلى (864 - يىلى) ناسىر ئىبنى ئەخمەت

هىجرىيە279 - يىلى (892 - يىلى) ئىسمائىل ئىبنى ئەخمەت

هىجرىيە 295 - يىلى (907 - يىلى) ئەخمەت ئىبنى ئىسمائىل

هىجرىيە301 - يىلى (914 - يىلى) ناسىر ئىبنى ئەخمەت

هىجرىيە 331 - يىلى (943 - يىلى) نوھ ئىبنى ناسىر

هىجرىيە 343 - يىلى (954 - يىلى) ئابدۇلمەلىك ئىبنى نوھ

ئىسمائىل نوھنىڭ جىيەنى بولۇپ، 892 - يىلى ئاكىسى ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھاكىملىقنى رەسمىي ۋارىسلىق قىلغان. لېكىن «قەشقەر تارىخى» دا ئىسمائىل بىلەن نوھ ۋە ئىسمى كېيىن تىلغا ئېلىنىدىغان ئابدۇمالىكنىڭ ئىنىسى ناسىرنى قېرىنداش دېگەن. تۈركىي قەۋملەر قۇرغان خانلىق ھەققىدە بولسا، بىلگە كۆر قادىرخاندىن سۇتۇقنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاققا قەدەر بازىر ئارسلانخان-دىن باشقا يەنە بىر نەچچە خان بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق كىتابتا بۇ ئىشلار مۇجمەل ھەم تىلغىمۇ ئېلىنمىغان. بۇنداق ئۈششاق ھالقىلاردىكى مۇجمەللىك ۋە قالايمىقانچىلىق، قەدىمكى قەھرىمانلارغا دائىر رىۋايەت ۋە خاتىرىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىبنۇل ئەسىر بىلەن ئەلمائى بىلگە كۆرنى ئەپراسىياب بىلەن چېتىشلىق قىلىپ قويغان، بەلكىم سۇتۇقنىڭ زاماندىشى سەللامى بۇ ئىشنى تىلغا ئالغان بولسا كېرەك. 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغاندا㊹ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، خان، خاتۇن، تارىم، تېكىنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەپراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەيدۇ، تېخى قاراخانىيلار تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ تارىخىنى ئەپراسىيابنىڭ پائالىيىتىگە باغلاپ قويىدۇ. ئەپراسىياب ئاۋۇستا دەۋرىدىن بېرى ئىران خەلق رىۋايەتلىرىدىكى تۇران قەھرىمانى بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئەرەبلەر تۇرانلىقلار بىلەن ئەپراسىيابنى ھەم تۈركلەرنى بىر گەۋدە دەپ قارىغان ㊺. سۇتۇققا دائىر خاتىرىلەردىكى بۇنداق باغلاپ قويۇشنىڭ ئۇلارنىڭ مىللەت

تەۋەلىكى ۋە نەسەبىنى تەتقىق قىلىشقا ھېچقانداق ياردىمى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خاتىرىلەر مەزكۇر خانلىقنىڭ مەدەنىيەت يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

(3) ئەبۇ نەسىر سامانى سۇتۇقتا تەسىر كۆرسەتكەن ھالقىلىق شەخس بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا تېخى ئۇنىڭ تەزكىرىسىمۇ مەيدانغا چىققان ⑯. بىز مۇقەددەسىنىڭ «ئەھسانۇت تەقاسىم فى مەرىفەتىل ئەقالىم» (ھەرقايسى ئەللەر ھەققىدىكى بىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرگە ئايرىلىشى) دېگەن ئەسىرىدىن، سامانى ئەمىرى نوھ ئىبنى ناسىر (945ـ 954-يىللىرى) ئۈچ ئوغلىنى ئۈچ ۋەزىرىگە يەنى ئابدۇمالىكنى نۇجاھقا، مەنسۇرنى فايىققا ، ناسىرنى زەرىفكە تاپشۇرغانلىقىنى ھەم ئوغۇللىرى بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى بېسىپ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز ⑰. لېكىن، 954 - يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇمالىك ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر سامانىيلارنىڭ تارىخىي سەھنىسىگە قايتا چىقمىغان. شۇڭا بارتولدنىڭ ناۋادا ھەقىقەتەن ئەبۇ ناسىر سامانى دېگەن كىشى ۋە ئۇ ھەققىدىكى ۋەقەلەر راست بولسا، ئۇ چوقۇم سامانىيلار ئەمىرى نۇھ ئىبنى ناسىرنىڭ ئوغلى ناسىر ئىبنى نۇھ ئىبنى ناسىردۇر⑱ دېگەن ھۆكۈمى ناھايىتى توغرا چىقىرىلغان.

يۇقىرىدىكى بىر نەچچە نۇقتىدىن باشقا «قەشقەر تارىخى» ۋە «مۇلھاقاتى سۇراھ» تىكى سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىلنامىلەرمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## 3 . سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىللار مەسىلىسى.

سۇتۇقنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر يىللار ھەققىدە، ئالىملار پەقەت ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى يەنى «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن ھىجرىيىنىڭ 344 - يىلى(955 ـ 956-يىلى) ۋاپات

بولغانلىقى ھەققىدىلا بىردەك پىكىردە بولۇپ كەلدى. باشقا يىللارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىياسى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بۇرۇن يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن، كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» دە 96 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ يېزىلـ غان، مۇشۇ بويىچە سۇتۇق بۇغراخان 11 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋاپات بولدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ ئالىقاچان بېكىتىلىپ بولغان تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ㊾. گرېنارد بىلەن پرىتساك ㊿ ئىبىن خەلدۇن (1332ـ1406ـيىللىرى) نىڭ «دۇنيا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر بايانغا ئاساسلىنىپ، سۇتۇق 10ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن، دەپ قىياس قىلىشقان. ئۇ خاتىرىدە51 تەبەرىستاندىكى بىر شىئە مەزھىپىنىڭ ئىمامى لەشكەر تارتىپ سامانىيلارغا قارشى چىققان، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى لەيلا ئىبنى نۇئمان دائىرەمى ھىجرىيىنىڭ 308 - يىلى زۇلھەججە (921 - يىلى 4ـ، 5ـئاي) دە لەشكەر تارتىپ سامانىيلار تەۋەلىكىدىكى نىشاپۇرنى بېسىۋالغان، كېيىن سامانى ئەمىرى تۈرك خانى بۇغراخاندىن ياردەم تىلىگەن. بۇغراخان لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بەرگەن ھەمدە لەيلانى تۇستا مەغلۇب قىلىپ ئامۇلدا ئۇنى ئەسىر ئالغان. گرېنارد بىلەن پرىتساك سامانىيلارغا ياردەم بەرگەن مۇشۇ بۇغراخاننى دەل سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆزى دەپ قارايدۇ. ھەم مۇشۇ ئارقىلىق سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سامانىيلار ئەمىرى بىلەن دىنداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

ئىبن خەلدۇن ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ۋە پەيلاسوپى، ئۇنىڭ «مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرى دۇنياغا داڭلىق52. لېكىن ئۇنىڭ «دۇنيا تارىخى» دېگەن ئەسىرى ياخشى باھاغا ئېرىشەلمە- گەن. بارتولد: «ئىبن خەلدۇن ئەندەلۇزىيە ۋە مەغرىبتە ياشىغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدى- كى مەلۇماتلارنى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىدىن ئالغان. ئىككى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، ئىبن خەلدۇننىڭ ئەسىرىدە ھېچقانچە يېڭىلىقنىڭ يوقلۇقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ كىتابىدىكى ئىبنۇل

ئەسىرنىڭ كىتابىدا ئۇچرىمايدىغان بايانلار بولسا ئالىملارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراۋاتىدۇ»[53] دەپ كۆرسەتكەن. پرىتساك ئاساسلانغان ھېلىقى مەنبە ئۇستىدە توختالساق، ئىبنۇل ئەسىر بۇنى «تارىخى كامىل» دېگەن ئەسىرىدىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەن[54]:

سامانىيلار سەركەردىسى قايىم تۇستا لەيلا بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇنىڭ قوشۇنى مەغلۇب بولۇپ مەرۋىگە چېكىندى. لېكىن قايىم بىلەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلبەلھەمى، ئەبۇ جەئفار سارۇكى، خارەزىم شاھ، شىمجول دوۋابىيلەر مەزمۇت تۇرۇپ داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە لەيلانىڭ بىرمۇنچە ئەسكىرى ئېغىر تالاپەت يېدى، لەيلانىڭ ئۆزىمۇ مەغلۇب بولۇپ قاچتى، ئۇ بىر تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى، بۇغراخان ئۇنى قوغلاپ كېلىۋىدى، ئۇ قاچقىلى يول تاپالماي بىر ئۆيگە يوشۇرۇنىۋالدى، بۇغراخان ئۇنى ئەسىر ئالدى. بۇغراخان قايىمغا خەت ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى خەۋەر قىلدى. قايىم ئادەم ئەۋەتىپ لەيلانىڭ كاللىسىنى ئېلىپ نەيزىگە ئىلىپ قويدى. لەيلانىڭ سەركەردىلىرى بۇنى كۆرۈپ گۇناھىنى تىلىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىندى.

ئىككىنچى يىلى سامانىي قوشۇنلىرى تەبەرىستاندا شىئە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى ئىككى تەرەپ مۇرەسسەلەشتى. سامانىي قوشۇنلىرى ماۋەرائۇننەھىردىن چىرايلىقچە چېكىنىپ كەتتى. سامانى قوشۇنلىرى چېكىنگەندە بۇغراخاننى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويغان، كېيىن بۇغراخان نىشاپۇرغا قايتقان[55].

ئىبنۇل ئەسىر «بۇغرا» نى «تۈرك ھۆكۈمرانى بۇغراخان» دېمىگەن، ئۇنىڭ يازغانلىرى بويىچە ئېيتقاندا، تۇس ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىمۇ بۇغراخانغا مەنسۇپ بولمىغان. بۇغراخان ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىداسامانىيلار تەرىپىدىن ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن بىر قوماندان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. شۇندىن كېيىن «بۇغرا» دېگەن بۇ ئىسىم «تارىخى كامىل» دا قايتا تىلغا ئېلىنمىغان. گرېنارد بىلەن پرىتساك ئالغان نەقىلدىن قارىغاندا ئىبنى خەلدۇنمۇ بۇغرا نامىنى قايتا تىلغا ئالمىغان. شۇڭا بىز

ئىبن خەلدۇننىڭ ئەسىرىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان مەزكۇر ئاپتورنىڭ 10 ـ ئەسىردىن 13ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار تارىخىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىدىكى «بۇغرا» نى خاتا ھالدا «تۈرك ھۆكۈمدارى بۇغراخان» دەپ ئالغان. بىزگە «بۇغرا» دېگەن بۇ كىشىنىڭ تارىخى ۋە بۇ نامنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى چاغلاردىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «قارا»، «توغان» دېگەندەك باشقا ناملارنى قوللانغانلىقى، بۇ نامنى ئەينى چاغدا تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغانلىقى بىزگە مەلۇم⑯. شۇڭا بۇغرا نامىنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ «تارىخى كامىل» دىكى «بۇغرا» نى سۇتۇق دەپ قاراشقا، ھەم بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىنى چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ.

پرىتساك ئىبن خەلدۇننىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن باشقا يەنە ئەبۇ دۇلەف مىسار ئىبن مۇخەلخىلـ نىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى بىر ئابزاس مەلۇماتقا دىققەت قىلغان. ئەبۇ دۇلەف ئۆزىنىڭ ھىجرىيە 331 ـ يىلى (942 ـ 943) بۇخارادىن چىنغا ئەلچىلىككە ماڭغان ئۆمەككە ئەگىشىپ چىنغا ماڭغاندا «بۇغرا» دېگەن بىر تۈرك ئېلىدىن ئۆتكەنلىكى، بۇ ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى يازغان⑰. پرىتساك مۇشۇ بايانغا ئاساسەن «دېمەك بۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دۆلىتىـ نىڭ كەم دېگەندىمۇ 942 ـ 943 ـ يىللىرى ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ قارىغان⑱. ئەبۇ دۇلەف 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب سەيياھى، بىراق ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ۋە ئەبۇ دۇلەفنىڭ 1923 ـ يىلى مەشھەدتىن تېپىلغان ئەسىرى ئۇنىڭ تۈركلەر، چىن ۋە ھىندىستاننى ساياھەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى⑲. شۇڭا پرىتساكنىڭ بۇ قىياسىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

بىراق بىز كىشىلەرنىڭ «مۇلھاقاتى سۇرراھ» تىكى بىر جۈملە سۆزگە سەل قارىغانلىقىنى

بايقىدۇق. يەنى سۇتۇق ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇتىيىللاھ دەۋرى (946 ـ 974) بىلەن سامانىيلار ئەمىرى ئابدۇلمەلىك ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىل (954 ـ 961) دە مۇسۇلمان بولغان دېيىلگەن. مۇشۇنداق بولغاندا سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتى ئەڭ بالدۇر بولغاندىمۇ ھىجرىيىنىڭ 343 ـ يىلى (مىلادىيە 954 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 955 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە) بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ماۋەرائۇننەھىردىكى ھاكىمىيەتتىن قاچقان، سامانىيلار جەمەتىدىن بولغان ئەبۇ نەسىر ساماننىڭ تەرغىباتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئەبۇ نەسىر ساماننىڭ قاچقان ۋاقتى ئەڭ بالدۇر بولغاندا 954 ـ يىلى دادىسى ۋاپات بولۇپ، تەختكە قېرىندىشى چىققان ۋاقت بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقىتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سەمئانى «كىتابى ئەنساب» دېگەن ئەسىرىدە ئەقائىدەشۇناس ئەبۇ ھەسەن مۇھەممەد ئىبن سوفيان ئىبن مۇھەممەد ئىبن مەھمۇد كەلەماتىنىڭ ھىجرىيە 340 ـ يىلى (951 ـ 952 ) نىشاپۇردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، سامانىيلار پايتەختى بۇخارادا بىر نەچچە يىل تۇرغانلىقى، ئاندىن تۈرك خاقانىنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى ھەمدە شۇ يەردە ھىجرىيە 350 ـ يىلى (961 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ۋاپات بولغانلىقىنى يازغان[60]. ئۇ بۇخارادىن ئايرىلغان يىل بىلەن ئەبۇ نەسىر ساماننىڭ قېچىپ چىقىشى ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش باردەك قىلىدۇ.

بىز يەنە قاراخانىيلار خانلىرى ئىچىدە سۇتۇق بىلەن ئوغلى مۇسانىڭ تۈركچە ھەم مۇسۇلمانچە يەنى سۇتۇقنىڭ ئابدۇلكەرىم، بايتاشنىڭ مۇسا دېگەن ئىسمى بارلىقىنى بىلىمىز. بۇ بىزگە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇساتۇغۇلغاندىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇسا تۇغۇلۇشىدىلا مۇسۇلمان بولغان بولسىدى، ئۇھالدا ئۇنىڭغا دىنىي ئىسملا قويۇلۇپ تۈركچە ئىسىم قويۇلمىغان بولاتتى. بىراق ئەمەلىيەتتە «قەشقەر تارىخى» دا كۆرسىتىلگەن نەسەبنامىنىڭ ئىككى يېرىدە

بايتاش دېگەن ئىسىم ئىشلىتىلگەن، پەقەت بىرلا يەردە مۇسا دېگەن ئىسىم ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇمۇ خاتا ئورۇندا ئىشلىتىلگەن. قارىغاندا مۇسا ھايات ۋاقتىدا دادىسىغا ئوخشاش تۈركچە ئىسىم ئىشلەتكەن بولسا كېرەك. بۇمۇ سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقىت مۇسانىڭ خېلى چوڭىيىپ قالغان ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بىز پرىتساكقا ئوخشاش سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىنى 40 يىلدىن ئارتۇق دەپ قارىمايمىز [61]. «قەشقەر تارىخى» دىكى 12 ياش ۋە 25 ياش مەسىلىسىنى ھەقىقەتەن ئەھمىيىتى بار دەپ قارالسا، سۇتۇقنىڭ 12 ياش ۋاقتىنى ئۇنىڭ تاغىسى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان ۋاقتى دەپ قاراش، 25 ياشلىق ۋاقتىنى ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتى دەپ قاراش كېرەك. ئۇ ئىسلامغا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان. دېمەك، سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇشتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا، بىز ئاندىن تەڭرىتاغ رايونىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى 950 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە باشلانغان دەپ قارىيالايمىز[62].

سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى بايتاش تەختكە چىققان. ئۇنىڭغا مۇسا دەپ دىنىي ئىسىم قويۇلغان. مۇسا تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم باشلىغان بولسا كېرەك. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخى كامىل» دېگەن ئەسىرىنىڭ ھىجرىيە 348 - يىلىغا ئائىت بايانلىرىدا تۈركلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان[63].

بارتولد «يەتتەسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار»[64] دا بۇ تۈركلەر يەتتەسۇ رايونى ياكى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇنىڭدىن بېرى بۇ قاراش ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالدى. بەزىلەر مۇشۇ قاراشقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ئاشۇ يىلى مۇسا پۈتكۈل قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تىپىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ بولغانلىقىنى چۈشەن-

ـدۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارىغان[65]. بىزدە بۇ قىياسنى ئاغدۇرۇۋېتەلەيدىغان ماتېرىيال يوق ئەلۋەتتە. بىراق، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولۇشتىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە 943 - يىلىدىن بۇرۇن بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالغان «كاپىر تۈركلەر» نىڭ غەربىي ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىدەك ئېھتىماللىقنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، 960 - يىلىدىكى ۋەقەگە يېڭىچە كۆزقاراشتا بولماي تۇرالمايمىز. دەل شۇ يىلى مۇسا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە ھۇجۇم قىلىپ زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي خەلقلەر مۇساغا بويسۇنغان. شۇ سەۋەبتىن ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي ماتېرىياللاردا نۇرغۇن تۈركنىڭ ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

مۇسا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىنلا بۇددا ئېلى ئۇدۇنغا ھۇجۇم باشلىغان. بۇ ئۇرۇش قەشقەر تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇدۇن تىلىدىكى 5538- نومۇرلۇق ۋەسىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تيەنزۇن 4 - يىلى (970 - يىلى) «پادىشاھ ۋىسا سۇرونىڭ شاجۇ بېگى ساۋيۇەنجۇڭغا يوللىغان مەكتۇبى» دا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قەشقەرنى بېسىۋالغانلىقى مەلۇم قىلىنغان[66].

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ «ئۇدۇن» بابىدا كەيباۋ 4- يىلى (971 - يىلى) ئۇدۇنلۇق راھىب جىشياڭ ئۇدۇن خانىنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ كېلىپ «سۇللاغ (قەشقەرنىڭ تارىختىكى نامى) ئېلىنى يېڭىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان بىر پىلنى ئولجا ئالدۇق. ئالىيلىرىغا تۇتقىمىز بار ئىدى، ئىجازەت قىلىشلىرىنى سورايمىز» دېگەن. بۇنىڭدىن ئۇرۇشتا قەشقەر تەرەپنىڭ ھەقىقەتەن مەغلۇب بولغانلىقى، بۇ تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخى مەلۇم جەريان كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئەينى چاغدا يېڭى مەدەنىيەت تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىش-

كەن. مۇقەددەسنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا[67] مىركىدىكى چېركاۋلار مەسچىتكە ئۆزگەرتىلگەن، مىر-كى بىلەن بالاساغۇن ئارىلىقىدىكى يېڭىشەھەر (نەۋكەت) نىڭ ھۆكۈمدارىمۇ ئاللىقاچان مۇسۇلمان بولۇپ بولغان. گەرچە بۇ تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى تېخى ئاجىز ھەمدە بالاساغۇننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەرچە بولغان «ئوردۇ» نىڭ تۈركمەن ھۆكۈمدارى سامانىيلارنىڭ ئىسپىجابتىكى ھۆكۈمدارىغا ئۈزۈلدۈرمەي سوۋغا ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ[68]، بىراق ماۋەرائۇننەھىردىكى سامانىيلار ھاكىمىيىتى-نىڭ خارابلىشىشى مۇقەررەر ھالدا بۇ تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. بۇ تەرەققىيات بولسا تەڭرىتاغ رايونىنىڭ تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىشىنى تېزلەتكەن.

## 4. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى پائالىيىتىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەڭرىتاغ رايونىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى غەربىي يۇرت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە. دەل مۇشۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دەۋرىدە تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئىسلاملىشىش جەريانىنى باشلىۋەتكەن. بۇ ۋەقەنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار.

«قەشقەر تارىخى» دا يېزىلىشىچە، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرىش بىلەنلا قەشقەرنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىكەن. ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئوغۇلچاق قادىرخان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئاكىسى يەنى سۇتۇقنىڭ دادىسى بازىرنىڭ ئورنىغا خان بولغان. «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» دە سۇتۇقنىڭ ئانىسى (بازىرنىڭ خاتۇنى) مۇ قادىرخاننىڭ خاتۇنى بولۇپ قالغانلىقى يېزىلىدۇ[69]. خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىنىسىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى ھەمدە ئاكىسىنىڭ

ئايالىنى ئېلىشى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئادىتىگە ھەرگىز خىلاپ كەلمەيدۇ. لېكىن ئىلگىرىكى خانىنىڭ پەرزەنتى مۇشۇ سەۋەبتىن خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. سۇتۇقمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن. «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دە سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ كىچىكىدىنلا ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. «قەشقەر تارىخى» دا سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ تاغىسى ئۇنى سىناشنى توختاتقاندا، «ئۇنىڭ مەندىن كېيىن پەرزەنتلىرىمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن» دەپ جاكارلىغان. بۇ يەردىكى «زىيان - زەخمەت» نىڭ خانلىق تەختنى تارتىۋېلىشنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا كىشىلەر تەبىئىي ھالدا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى چوقۇم تاشقى كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەسلىدە ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان خانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. «قەشقەر تارىخى» دىكى سۇتۇق تاغىسىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، پەرغانە غازاتچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ[70]. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پائالىيىتىنىڭ يەنە بىر ئارقا كۆرۈنۈشى بولسا ئەرەب ئەللىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ غەربى ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىغا بولغان تەسىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدۇر. زېمىن جەھەتتىن ئېيتقاندا ئەرەب ئەللىرى بىلەن قەشقەرنىڭ پاسىلى ناھايىتى يېقىن. ئەل ئىستەخرىنىڭ خاتىرىلىشىچە 10 - ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدە ئەرەبلەر ئۆزكەنتنى ئىگىلەپ بولغان. ئۆزكەنت، قەشقەر ۋە سۇتۇق بۇغراخان ئەڭ دەسلەپتە بازا قىلغان ئاتباشىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزكەنت بىلەن ئوش شەھىرىنىڭ سىرتىدا تۈركلەر پائالىيەت قىلىۋاتاتتى[71]. ئارىلىق مۇنداق يېقىن بولسا كۆرسىتىدىغان تەسىرمۇ چوڭ بولىدۇ ئەلۋەتتە. دىن تەرغىباتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كەلىماتىنىڭ تۈرك خاقانى ئوردىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلغانلىقىدەك قىزىقارلىق مىسالدىن باشقا، يەنە ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن ئەرەب، پارس سودىگەر-

لىرى ۋە ئەبۇ نەسىر ساماندەك كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا يۈرگۈزگەن تەرغىباتلىرىنىڭ ئۈنۈمى چوقۇم تېخىمۇ زور بولغان. «قەشقەر تارىخى» دا سودىگەرلەرنىڭ دىنىي ئادەتلىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە تەسىر قىلغانلىقى تەكىتلەنگەن ھەمدە ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي تەرغىبات يۈرگۈزگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن پىرىتساك تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلاملىشىشىنى تىنچلىق بىلەن باشلانغان دەپ قارايدۇ[72]. ئەلۋەتتە بىزمۇ شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى يېتەكچى مەپكۇرە باشتىن - ئاياغ ھۆكۈمرانلارنىڭ مەپكۇرىسىدۇر. مۇنداق مەپكۇرە ئاۋام خەلققە مۇقەررەر ھالدا زورلاپ تېڭىش يولى بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇلىدۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇلچاق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى بولسۇن ياكى مۇسانىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى بويسۇندۇرۇشى بولسۇن، ھەممىسى قورال كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىشنىڭ بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ خالاس.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلاملىشىش ھەرىكىتىنى باشلىشىدىكى ئۈچىنچى سەۋەب: مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ سامانىيلار رايونىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەتراپتىكى رايونلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئىبارەت. كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىزچىل ھالدا ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقى كىشىلەرگە ئايان. بۇنداق ئالماشتۇرۇشتا ماۋەرائۇننەھىردىكى سوغدى سودىگەرلىرى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى ۋە مەدەنىيەت تەسىرلىرى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ساقلىنىپ قالغان[73]. ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھىرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنمۇ سوغدىلار رايونىدىكى سودا پائالىيىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» نىڭ «قىرغىزلار» بۆلۈمىدە 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەب سودىگەرلىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىن تاكى يەنسەي بويلىرىدىكى قىرغىز يۇرتلىرىغىچە بېرىپ تىجارەت قىلغانلىقى ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. ئەينى چاغدا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى-

لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەرەب بولۇشى، مۇسۇلمان بولۇشى ناتايىن، ئۇلار بەلكىم ئەرەب ھاكىمىيىتىگە
بويسۇنغان سوغدىلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سۇتۇق بۇغراخان 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پائالىيەت
قىلغاندا ماۋەرائۇننەھر رايونى ئەرەبلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ بولغان. تۈركىي خەلقلەر
زېمىنىدا سودا قىلغۇچىلار ئاساسەن دېگۈدەك مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن. «قەشقەر تارىخى» دا ئاتۇشقا
كەلگەن سودا كارۋىنىنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەينى چاغدىكى تەڭرىتاغدىكى تۈركىي
خەلقلەر بىلەن ماۋەرائۇننەھردىكى سامانىيلارنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ قويۇقلۇقىنى سامانىيلار خانلىقىـ
دا يېزىلغان خاتىرىلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىستەخرى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ماددىي مەھسۇلاتلىـ
رىنى تىلغا ئالغاندا، ماۋەرائۇننەھرنىڭ پاختا رەختلەردىن ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۆز
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي يەنە ھەرقايسى جايلارغا توشۇلۇپ ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى،
ئوغۇز ۋە قارلۇق قاتارلىق قوشنا ئەللەردىن گۆش يۆتكەپ كېلىنىدىغانلىقى ھەمدە ئەتراپتىكى تۈركلەر
ئۇلارغا سېتىپ بەرگەن قۇللارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ يەنە بۇ يەردىن مۇسۇلمانلار يۇرتىغا توشۇلىدىـ
غانلىقى [74] ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. «قەشقەر تارىخى» دا ماۋەرائۇننەھردىن ئاتۇشقا رەخت،
يىپەك كىيىم - كېچەك، قەن - گېزەك ۋە باشقا مىلىچ ماللارنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى تىلغا
ئېلىنغان. مۇقەددەسى ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق جايلاردىكى سودا مەھسۇلاتلىرىنى ساناپ كېلىپ،
تۈركىستانغا چىقىرىلىدىغان ماللاردىن پاختا، كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق
ماللارنى تىلغا ئالىدۇ[75].

ئەرەب ئەللىرىنىڭ مۇنداق كەڭ دائىرىدە سودا قىلىشى بىلەن ئەرەب - پارسلارنىڭ سودا
كارۋانلىرىنىڭ تەرەپ - تەرەپتە ھەرىكەت قىلىشى تەڭرىتاغ رايونىدىكى بولۇپمۇ غەربىي تەڭرىتاغدىكى
تۈركىي خەلقلەرنى دېھقانچىلىق - تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلدى.
ئەينى چاغدا تەڭرىتاغ رايونىدا ياشاۋاتقان بۇ تۈركىي خەلقلەر ئۆز يەرلىرىدىكى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىـ

گە نىسبەتەن بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولۇپ بولغانىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار قويۇق ھەم كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سودا ئالاقىسىدىن ماۋەرائۇننەھىردىكى سامانىيلار خانلىقىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇپ يەتتى. بۇ ئەھۋاللار بولۇپمۇ يېڭىچە ماددىي تۇرمۇش ئۇلارنى جەلب قىلماي قالمايتتى. بۇ دەل تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بەش پادىشاھلىق دەۋرى بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قالايمىقانچىلىق بىلەن خېشى كارىدورى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى بۆلۈنمىچىلىك سەۋەبىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ سودا ئالاقىسى مۇقەررەر ھالدا ئازىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا غەربىي تەڭرىتاغدىكى تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ غەربىدىكى مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنىدى. «قەشقەر تارىخى» دا ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ يىپەك كىيىم - كېچەكلەر ۋە قەن - گېزەكلەرگە ھەيران قالىدىغانلىقى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دائىم ئاتۇشقا بېرىپ مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىدىن ھوزۇرلىنىدىغانلىقى يېزىلغان. ئۇلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى ئاشۇ تۇرمۇش بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتقان.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى سۆزلىگەندە، ئەينى چاغدا مۇسۇلمان ئەللىرىگە يېقىنلاشقانلارنىڭ غەربىي تەڭرىتاغدىكى تۈركىي خەلقلەرلا ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. 920 - يىللىرى ئەتراپىدا مۇسۇلمانلارنىڭ شىمالىدىكى بۇلغارلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ھەمدە ئابباسىيلار خەلىپىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ باغدادتىن ئالىم ئۆلىما، فىقھىچى ۋە مىمارشۇناسلارنى ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئەرەب ئەلچىلىرى يارلىق بويىچە بۇلغار ئېلىگە ماڭغاندا بىللە سەپەرگە چىققان ئىبن فەزلان ئارال دېڭىزى ئەتراپىدىكى ئوغۇزلارنىڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىدىن كەلتۈرۈلگەن ماللارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى تۇرمۇشىدىن ھوزۇرلىنىدىغانلىقى ھەمدە قىلچە ئىككىلەنمەيلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى

قوبۇل قىلىۋالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان⑯. قارىغاندا، ئادەتتىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن باشقا، مەسىلەن: سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇشى، بۇلغارلارنىڭ ھەزەر ۋە ئوغۇزلار بىلەن پۇت تېپىشىش كويىدا بولۇشى ؛ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان مەپتۇنلۇقى قاتارلىق باشقا سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى ئاساسلىق ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تازا گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا بولغان تەلپۈنۈشىدىن بولغان بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دۇنياسىنىڭ جەلبكارلىقى، يەرلىك سىياسىي ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى، ئەتراپتىكى غازاتچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇتۇقلۇق ھالدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يېڭى مەدەنىيەت تىپىدىكى تۇنجى تۈركىي ھاكىمىيەتنى تىكلىدى. ئۇنىڭ پائالىيىتى تەڭرىتاغنى يادرو قىلغان غەربىي يۇرت تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

ئىزاھلار:

---

①دوكتور بېللېۋ«1873 - يىلىدىكى يەكەننى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» (يەكەننىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە)، 1875 - يىلى كالكۇتتا ئىنگلىزچە نەشرى، 121 - بەت

②روبېرت شاۋ«شەرقىي تۈركىستان تۈركچىسىنىڭ گىراماتىكىسى» (يەكەن ۋە قەشقەر شىۋىسى) 2 -توم، 1875 - يىلى لاھور ئىنگلىزچە نەشرى

③«تەبەقاتى ناسىرى» (ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى ئىسلام خانلىقلىرى ۋە 810 - يىلدىن 1260 - يىلغىچە بولغان موغۇل ۋە ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى) مەۋلانا مىنھاجىددىن ئەبۇ ئۆمەرى ئوسمان. 1881 - يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى، 901 - 902 - بەتلەر.

④ «ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ خرونولوگىيىسى ۋە تارىخى» (1893 ـ يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى) «تۈركىستاندىكى ئىلىك خانلار»، ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى «دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شەرق تىللىرى بۆلۈمىدىكى پۇللار مۇندەرىجىسى. قوشۇمچە» دىن ئېلىندى.

⑤ «تارىخى رەشىدى» (2 ـ توم)، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 193 ـ 194 ـ بەتلەر.

⑥ گرېنارد «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» 1900 ـ يىلى نەشرى، 5— 79 ـ بەتلەرگىچە

⑦ برېتشنېيدېر: «شەرقىي ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەر ھەققىدە تەتقىقات» 2 ـ قىسىم، 1910 ـ يىلى لوندون نەشرى 252 ـ بەت. سكرېن ۋە روس بىرلىشىپ تۈزگەن «ئىچكى ئاسىيا»، 1899 ـ يىلى لوندون نەشرى 119 ـ بەت. 1874 ـ يىلى گرىگورىيېۋ تۈنجى قېتىم «قاراخانىيلار» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن. لېكىن ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئۇچرىتالمىدىم.

⑧ بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 18 ـ بەت. «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە» خەنزۇچە 80 ـ بەت.

⑨ پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، ۋېيلياڭتاۋ ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم.

⑩ خانېدا ئاكىرا «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» كيوتو 1983 ـ يىلى نەشرى، 435 ـ 448 ـ بەتلەر

⑪ ۋاڭ رىۋېي «كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» («يۈگۇڭ» ژۇرنىلى 1935 ـ يىلى 11 ـ ئاي 4 ـ جىلد، 5 ـسان). فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭۋېنلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1956 ـ يىلى نەشرى 1 ـ قىسىم 51 ـ بەت

⑫ ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى».

⑬ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى 1988 ـ يىلى چىقارغان

«شىنجاڭ دىن تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار» (خەنزۇچە) نىڭ 16 - توپلىمىغا«بۇغراخانلار تەزكىرىسى» نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى كىرگۈزۈلگەن.

⑭بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 20 - بەت

⑮«تەبەقاتى ناسىرى» (ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى ئىسلام خانلىقلىرى ۋە 810 - يىلىدىن 1260 - يىلىغىچە بولغان موغۇل ۋە ئىسلام ھاكىمىيەتلىرى) مەۋلانا مىنھاجىددىن ئەبۇ ئۆمەرى ئوسمان. 1881 - يىلى لوندون ئىنگلىزچە نەشرى، 901 - 902 - بەتلەر. ⑯SATUK KARACHAR نىڭ كەينىدىكى R ئەسلىدە N دەپ ترانسكرىپتسىيە قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

⑰«مەلۇم بىر مۇئەللىپنىڭ يېزىشىچە سۇتۇق خوجا ئەسلىدە كاپىر بولۇپ، تۈركىستانىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇھىم چۈش كۆرۈپ، ئەتىسى مۇسۇلمان بولغانىكەن. ھەم باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىكەن. بۇ بەلكىم 315 - يىلى ياكى 320 - يىلىدىكى ئىش بولىشى مۇمكىن، بۇ ھەقتە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغانىكەن».

⑱گەردىزى بىلەن ئىبنۇل ئەسىرنىڭ خاتىرىسى ئوخشاش. بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 10 - بەتتە«سەللامىنىڭ (بۇ كىشى 955 - يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان) ئەسىرى ەەردىزى بىلەن ئىبنۇل ئەسىرگە مەنبە بولۇپ بەرگەن» دەيدۇ. بەلكىم سەللامىمۇ سۇتۇق بۇغرانىڭ ئىسلام دىنىغا كىرەەنلىك ۋەقەسىنى خاتىرىلىگەن بولسا كېرەك. ⑲سەمئانى «كىتابى ئەنساب» 470-، 471-، 472 - بەتلەر؛ «قەشقەر تارىخى» دىن باشقا سەمئانىنىڭ «كىتابى ئەنساب» (470 - بەت) دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئەلمائىنىڭ «سەھاھ لۇغىتى» دېگەن كىتابىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

⑳مەن 1989 - يىلى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى تاماملىغاندا«ئەلمائى ئاتىسىدىن 20 يىل ئىلگىرى ۋاپات بولغان، بەلكىم بۇ ھىجرىيە 466 - يىلىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن» دەپ پەرەز

قىلغانىدىم. ئەمدى ئېنىق خاتا قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

㉑سەمئانى «كىتابى ئەنساب»؛ بارتولد«موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 1898 - يىلى رۇسچە نەشرى، 1- توم 129 - بەتكە قاراڭ

㉒بارتولد«موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 1898 - يىلى رۇسچە نەشرى، 1- توم 130 - بەتكە قاراڭ

㉓بىلگە كۆر: ئەسلى تېكىستتە دىش - پەش چۈشۈپ قالغان. «بلكە»سۆزىنى بارتولد«بىلگە» دەپ ئوقۇغان. «كور»سۆزىنى ماركۋئارت «ئۇيغۇر» دەپ ئوقۇغان، پىرىتساك «كۆر» دەپ ئوقۇغان. مەن بۇ يەردە پىرىتساكىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ تۇردۇم. لېكىن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «كۆل بىلگە» دېمەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ، «بىلگە كۆر» دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرىمايدۇ.

㉔ئەسلى تېكىستتە«ئەپراسىياب ئىبىن بەشاڭ ئەست (؟) ئىبىن رەسمان (؟) ۋە تۇر ئىبىن ئەپرىدۇن ئىبىن (ئېنىق ئەمەس) ئىبىن كەركتان (؟) ياپەس ئىبىن نۇھ» دەپ يېزىلغان. مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ئەسىرىنىڭ 540 - پەسلىدە «ئەپراسىياپنىڭ تولۇق ئىسمى فاراسىياب ئىبىن بەشاڭ ئىبىن زەي ئەرسان ئىبىن تۇراك ئىبىن سابانىياسىب ئىبىن دۇرشاسىب ئىبىن تۇھ ئىبىن دۇسرۇن ئىبىن تۇج ئىبىن ئەپرىدۇن» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

㉕ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخى كامىل» دېگەن ئەسىرىنىڭ 11 - جىلد 82 - بېتىدە «ئاگىلىشمچە قەشقەر، بالاساغۇن، خوتەن ۋە تالاس قاتارلىق تۈركىستان رايونى ۋە قوشنا ماۋەرائۇننەھىرنىڭ سىرتىدىكى بىر قىسىم جايلار ئىلگىرى خاقانىيەدىكى تۈرك خانلىرىنىڭ قولىدا بولغانىكەن. ئۇلار ئەپراسىيابنىڭ تۈرك نەسلىدىن بولۇپ مۇسۇلمانىكەن. ئۇلار يەنە ئۆز ئىچىدىن پەرقلىنىدىكەن. ئۇلىرىنىڭ ئەقدادىنىڭ ئىسمى سۇتۇق قاراخان ئىكەن. سۇتۇقنىڭ مۇسۇلمان بولۇش سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئۇ چۈشىدە بىر ئادەمنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ تۈرك تىلىدا ئىسلامغا بەيئەت قىلساڭ پانى

ۋە باقىي ئالەمدە ئامان بولسەن، دېگەنلىكنى،ھەممە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەممە ئەتىسى ئىكزىنىڭ قارارىنى جاكارلاپتۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى مۇسا تەختكە چىقىپتۇ. ئۇ رايونلارغا ئۇنىڭ ئەۋلدى ئارسلانخان مۇھەممەت ئىبىن سۇلايمان ئىبىن داۋۇت بۇغراخانغا قەدەر، تابغاچخان ئاتالغان ئىبراھىم بىلەن ناسىر ئارسلانخان ئاتالغان ئىلىك ئىبىن ئەلى ئىبىن مۇسائىبىن سۇتۇقىچە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئۇ لەشكەر تارتىپ قادىرخانغا قارشى ئاتلانغاندا خانلىقنى تارتقۇزۇپ قويۇپتۇ. سەنجەر قادىرخاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز ھىجرىيىنىڭ 494 ـ يىلى يۈزبەرگەن ۋەقەلەر باياندا بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ بولغاندۇق. خانلىق ئارسلانخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ پۈت تىرەپ تۇرالماپتۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇتۇقنىڭ ئىسمى «تارىخى كامىل» نىڭ تورنبېرگ نەشرىدە«شبق» دەپ، بېيرۇت نەشرىدە «سبق» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

㉖«مەجمۇئەل تەۋارىخ ۋەل قىساس»تا«ئەبۇ نەسر ئەھمەد ئىبىن ئەلى ئىبن مۇسا ئىبىن S. N كۇچاھ كاپىر» دېگەن ئىسىمنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى مۇسانىڭ ئاتىسى «كاپىر» .S. N. KUCHAH بولساچوقۇم «سۇتۇق كۇچاھ» نىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك.

㉗بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 209 ـ بەت

㉘ئاتباشى تاغ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتباشى دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

㉙پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» ، 287ـ 290 ـ بەتلەر

㉚پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» ، 294 ـ بەت

㉛نىزامۇلمۇلك «سىياسەتنامە»220 ـ ۋە 224 ـ بەتلەر

㉜ئىبنۇل ئەسىر«تارىخى كامىل»8ـ جىلد 410 ـ بەت

㉝«يېڭى بەش دەۋر تارىخى»74 ـ جىلد، «كونا بەش دەۋر تارىخى»39 ـ جىلد، «بەش دەۋرگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»29 ـ جىلد، خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»

خەنزۇچە تەرجىمىسى 107 ـ 108 ـ بەتلەر

㉞پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، 294 ـ295ـ بەت

㉟گرېنارد«سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ھەققىدە»36 ـ 37 ـ بەتلەر

㊱خاملتون «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە تەرجىمىسى 101ـ 103 ـ بەتلەر

㊲بايلېي «قەدىمكى خوتەننىڭ ساك تىلى مەدەنىيتى»91 ـ 92 ـ بەتلەر؛ موڭغۇللار دەۋرىدە خېشىدا ھۇن قەبىلىسىنىڭ پائالىيەت قىلغانلىقىغادىققەت قىلىش كېرەك. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 170 ـ جىلد«يۈەن تەزكىرىسى» دە جىيۈەن يىللىرى تاڭغۇت جۇڭشىڭ ئايماقلىرىنىڭ سىلاۋچىبېگى يۈە يۈ ئوردىغا «تاڭغۇتلار بىلەن ھۇنلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاچقا، ياشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ» دەپ مەلۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

㊳پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، 296 ـ بەت

㊴بارتولدنىڭ ئەسىرى 132 ـ بەت.

㊵فېدوروف«10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىلغان شەرقىي قاراخانىيـ لارنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (قەدىمكى پۇللارغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان. مەن چېن ۋېيشىڭـ نىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلاندىم) . تۆۋەندىكى بايانلاردا باشقا ئىزاھات بېرىلمىگەنلىرى دېۋەدەك مۇشۇ ماقالىدىن ئېلىنغان.

㊶ۋېي لياڭتاۋ«قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»103 ـ 112 ـ بەتكىچە

㊷بوسۋورس: «ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ يىلنامە ۋە قوللانمىسى»101 ـ 102 ـ بەتلەر

㊸مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىنگلىزچە نەشرى

㊹«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «ئەپراسىياب» ماددىسىغا قاراڭ. مەسئۇدى «ئالتۇن

يايلق» نىڭ 313 ـ بېتىدە ئاپراسىياب بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قارلۇقلارنى بىربىرىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ قويغان.

㊺«بۇغراخانلار تەزكىرىسى» نىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ نۇسخىلىرىغا قاراڭ.

㊻3ـ توم 337 ـ بەتكە قاراڭ

㊼بارتولد«موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 255 ـ 256ـبەتلەر

㊽«بۇغراخانلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) نىڭ 1 ـ نۇسخىسىدا ھىجرىيە 409 ـ يىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەن. 2 ـ ۋە 3 ـ نۇسخىلارداھىجرىيە 429 ـيىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەن.

㊾گرېنارد«سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ھەققىدە»33 ـ 34 ـ بەتلەر، پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»، 292 ـ، 293ـ بەتلەر

㊿گرېناردنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ھەققىدە» كىتابىنىڭ 34 ـ بېتىدىكى 1 ـ ئىزاھات «تارىخى كامىل» دىن ئېلىنغان، لېكىن ئۇ يەنە «ئىبنى خەلدۇن ئازراق ئوخشىمايدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئوخشاش بىر ۋەقەنى بايان قىلغان. ئىبنۇل ئەسىر تۈرك خانى بۇغراخاننى پەقەت بۇغرا دەپلا ئالغان» دەيدۇ.

(51)ماشياۋخېينىڭ «ئىبنى خەلدۇن» — (دۇنيادىكى پەيلاسوپلار مەجمۇئەسى تەيۋەن دۇڭدا نەشرىيات شىركىتى 1993 ـ يىلى نەشرى ) گە قاراڭ.

(52)بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» 4 ـ بەت.

(53)ئىبنۇل ئەسىر«تارىخى كامىل» 8 ـ جىلد 124 ـ 125 ـ بەتلەر.

(54)ئىبنۇل ئەسىر«تارىخى كامىل» 8 ـ جىلد 131 ـ 132 ـ بەتلەر.

قارا تېكىن ھەققىدە «تارىخى كامىل» نىڭ 8 ـ جىلد، 79 ـ ۋە 492 ـ بەتلەرگە قاراڭ؛ توغان

تېكىن ھەققىدە «تارىخى كامىل» نىڭ 8 - جىلد 133 - بېتىگە قاراڭ.

⑤⑤ ياقۇتنىڭ «مۇجمۇل بولدان» ئەسىرىنىڭ 3 - جىلدىدىكى «چىن» ماددىسىغا قاراڭ. ئىنگ-لىزچە تەرجىمىسى ئۈچۈن ھېنرى يۇلېنىڭ «قەدىمكى چىنغا بارىدىغان يوللار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 - توم 1866 - يىلى لوندون نەشرى 186 - بەتتىن 193 - بەتكىچە بولغان مەزمۇنلىرىغا قاراڭ؛ تۈركىي قەۋملەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۈچۈن فېڭ چېڭجۈننىڭ «ئەرەبىستانلىق مىسارنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى غەربىي يۇرت قەبىلىلىرى» (غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە ئىئت ماقالىلەر توپلىمى) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. ئۇنىڭدا ھەتتا يەرلىك ئاھالىنىڭ شىئە مەزھىپىدىكىلەر ئىكەنلىكى يېزىلغان.

⑤⑥ پرىتساكنىڭ «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 292 - بېتىدىكى 5 - ئىزاھقا قاراڭ.

⑤⑦ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ «ئەبۇ دۇلەف» ماددىسىغا قاراڭ. مايۇڭ : «سامانىيلار بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

⑤⑧ سەمئانى : «كىتابى ئەنساب» 486 - ۋاراق «ئا» بەت. ئەسلى مەتىندىكى تۈرك خاقانى دېگەن بىر نەچچە سۆز ئېنىق ئەمەس. بارتولدنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇنىڭ «موڭغۇل ئىستىلىس-دىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 255 - بەت، 5 - ئىزاھىغا قاراڭ.

⑤⑨ پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 292 - بەت.

⑥⓪ «قىرغىز س س ر تارىخى» نىڭ 1 - توم، 291 - بېتىدە: «قارشىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ ۋەقە سامانىيلاردىن ئابدۇل مەلىك ئىبنى نوھ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (954 - 961 - يىللىرى) دە يۈز بەرگەن» دېيىلگەن.

⑥① «بۇ يىلى تەخمىنەن 20 تۈمەن چېدىرلىق تۈرك ئىسلام دىنىغا كىرگەن».

(62) بارتولد «تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى»، 99 ـ بەت، 1956 ـ يىلى ئېنگلىزچە نەشرى.

(63) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە» 296 ـ بەت، ۋېي لياڭتاۋ«قاراخانىيلار تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» 77 ـ 78 ـ بەتلەر.

(64) بايلېي: «ۋىسا سۈرا ۋە داساۋ بېگى». 1964 ـ يىللىق «ئاسىيا» ژۇرنىلى.

(65) مۇقەددەسى: «ئەھسانۇت تەقاسىم فى مەرىفەتىل ئەقالىم» 3 ـ جىلد 275 ـ بەت.

(66) مۇقەددەسى: «ئەھسانۇت تەقاسىم فى مەرىفەتىل ئەقالىم» 3 ـ جىلد275 ـ بەت.

(67) «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) 2 ـ نۇسخا 19 ـ بەت، 3 ـ نۇسخا 49 ـ 50 ـ بەتلەر.

(68) ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 146 ـ بەت.

(69) «ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى» 1ـ توم، 333 ـ بەت.

(70) پرىتساك: «قارلۇقلاردىن قاراخانىيلارغىچە»291 ـ بەت.

(71) خاندا ئاكىرا: «سوغدىلارنىڭ شەرقتىكى پائالىيەتلىرى» (يېۋانامى لېكسىيىلىرىنىڭ دۇنيا تارىخى بۆلۈمى. 6 ـ توم 409 ـ بەتتىن 436 ـ بەتكىچە).

(72) «ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى» 1 ـ توم، 288 ـ بەت.

(73) «ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى»3 ـ توم، 324 ـ بەتتىن 236 ـ بەتكىچە. بۇنىڭ تەرجىمىسى ئۈچۈن بارتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ 235 ـ، 236 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

(74) ئا. پ. كوۋالېۋسكىي: «ئەھمەت ئىبىن فەزلاننىڭ ساياھەت خاتىرىسى» 1956 ـ يىلى خاركوف نەشرى.